# جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى

(بېشى 1 - بەتتە)

«ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۈنىۋېرسال ئۈنۈمىنى كۈچەپ ئاشۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى، جياڭشى خەلقىنىڭ شەخسىيەتسىز ياردىمى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتىكى ئالاھىدە ئەۋزەللىكنى ھەقىقىي تۈردە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىدۇ.

لىيۇ چى شىنجاڭنىڭ جياڭشىغا زور كۈچ بىلەن مەدەت، ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتتى، ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭ قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، ئىتتىپاقلىشىپ شىنجاڭنى مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇردى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولدى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلىدى، ھەر مىللەت ئامما خاتىرجەم ياشىدى، شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى تەرەققىيات مەزگىلىگە قەدەم قويدى. شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ دانا، توغرا ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلدى، بۇنىڭغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، ھۆكۈمەت ۋە ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە قان - تەرى سىڭگەن.

لىيۇ چى مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەسى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىزگە يۈكلىگەن سىياسىي مەسئۇلىيەت ۋە شەرەپلىك بۇرچ. بۇ يىل ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش تاماملىنىدىغان يىل. بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايدىكى پارتىيە كومىتېتى، ھۆكۈمەت ۋە كادىرلار، ئاممىغا زىچ تايىنىپ، شىنجاڭغا ئومۇميۈزلۈك ياردەم بېرىش، شىنجاڭغا دەل جايىدا ياردەم بېرىش، شىنجاڭغا ئۇزاققىچە ياردەم بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشۇشنى باش ۋەزىپە قىلىپ، مۇقىملىق ئاساسىنى پۇختىلاشقا كۈچ قوشۇشنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، كەسىپلەر تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشقا كۈچ قوشۇشنى تۈپ تەدبىر قىلىپ، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئاشۇرۇشقا كۈچ قوشۇشنى ئاخىرقى نىشان قىلىپ، ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى قوغداپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىمىز. شىنجاڭنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» يادرولۇق رايون ئەۋزەللىكىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، جياڭشى - شىنجاڭ ئىككى جاينىڭ ئۇل ئەسلىھە، كەسىپلەر تەرەققىياتى قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ جياڭشى كارخانىلىرى ۋە مەھسۇلاتلىرىنىڭ دۆلەت دەرۋازىسىدىن چىقىشىغا مەدەت بېرىپ، ياردەم بېرىپ، ئىككى جاينىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىپ تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

سۆھبەت يىغىنىدا، شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ۋە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، ئالاقىدار يولداشلار قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ۋە نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ۋەكىللىرى سۆز قىلدى. يىغىندىن كېيىن، جياڭشىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئىئانە قىلىش مۇراسىمى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ياردەم بېرىش - يۆلەش كېلىشىمى ئىمزالاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

شىنجاڭدىكى مەزگىلدە، جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاتۇش شەھىرى، ئاقتۇ ناھىيەسى، ئۇلۇغچات ناھىيەسىدىكى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش نۇقتىسى، نامراتلارنى يۆلەش سېخى، كەنت كومىتېتى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى تېرىقچىلىق بازىسى، مەكتەپ، دوختۇرخانا، پورت قاتارلىق جايلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تۈرلىرىنى تەكشۈردى، نامرات ئاممىنى زىيارەت قىلدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن چېن شىڭچاۋ، خۇ چياڭ، ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن، پېڭ جيارۇي، بادەي، جاۋ چىڭ، چېڭ جىنشەن قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

ئاساسلىق كەلكۈن مەزگىلىدىكى سۇ ئامبارلىرىنى سىنىلىق ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنىدا مۇنداق تەلەپ قىلىندى

# پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، ئاساسلىق كەلكۈن مەزگىلىدىكى كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈگۈيې** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 - يىل ئاساسلىق كەلكۈن مەزگىلىدىكى سۇ ئامبارلىرىنى سىنىلىق ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، كۆلپەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، ئاساسلىق كەلكۈن مەزگىلىدىكى كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۇ يىل ئېلىنىنو ھادىسىسىنىڭ سىجىل تەسىرىدە، ھاۋا كىلىماتى بىنورمال بولۇپ، ھاۋا رايىدىكى ئېنىقسىز ئامىللار كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىشتىكى ئاجىز ھالقىلار ھەم چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئامبارلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشنى، كىچىك تىپتىكى سۇ ئامبارلىرىنىڭ كەلكۈن مەزگىلىدىن بىخەتەر ئۆتۈشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، قۇرۇلۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش تەييارلىقى، كەلكۈن مەزگىلىدىكى بىخەتەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تۈرلۈك جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش، خەتەردىن قۇتقۇزۇش لايىھەسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ مۇكەممەللەشتۈرۈش، يامغۇر، سۇ ئەھۋالىنى كۆزىتىش، ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ئەسلىھەلىرىنىڭ يۈرۈشۈش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، تۈرلۈك لايىھەلەرنى ئىجرا قىلىش ۋە مانېۋىر قىلىشنى كۈچەيتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: سۇ ئامبارلىرىنى ئۆلچەرلەش، ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سۇ ئامبارلىرىنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك سۇچىلىق تارماقلىرى سۇ ئامبارلىرىنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، كۈندىلىك چارلاپ تەكشۈرۈش، ئاسراشنى قېلىپلاشتۇرۇشنى ھەم كۈچەيتىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: سۇ ئامبارلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش لايىھەسىنى ئىلمىي تۈزۈپ، ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، ئورۇنلاشتۇرۇش ئىنتىزامىنى چىڭىتىش كېرەك. قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش، سۇ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، كىشىلەرنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى ۋە ئاساسىي نورما ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىدە ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. ھەرقايسى ئەزا ئورۇنلار زىچ ماسلىشىپ، كۈچلۈك خىزمەت بىرىكمە كۈچى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا، ئۇلۇغئاتا سۇچىلىق تۈگۈنى، تۇدۇڭخابا سۇ ئامبىرى قاتارلىق 19 سۇچىلىق تۈگۈن ئورنى بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈش، سۇ ئامبىرىنىڭ بىخەتەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىق ئەھۋاللارنى دوكلات قىلدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقى ئەڭ مۇھىم ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇق. ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، شىنجاڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرى كۆپ يۈز بېرىدىغان، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىدىغان قارا تۇمان ئىچىدە قالدى. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭ قانۇن بويىچە بىر قاتار ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، بىخەتەرلىك ۋەزىيىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. نۆۋەتتە، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بىر قېتىممۇ زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولۇشنىڭ پايدىسى ئۈزلۈكسىز قويۇپ بېرىلىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولدى. 2019 - يىلى شىنجاڭنىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.2% ئاشتى؛ بارلىق ئاھالىنىڭ ئىلكىدىكى چىقىم قىلىشقا بولىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم 23 مىڭ 103 يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 7.5% ئاشتى؛ نامراتلىق يۈز بېرىش نىسبىتى 2013 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 19.4% تىن 1.2% كە تۆۋەنلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.

بۇ بىرنەچچە يىلدا، ئومۇمەن ئۆزى تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىغا كېلىپ، ئايلىنىپ باققان، كۆرۈپ باققان دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى دوستلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ گۈللەنگەن، مۇقىم، ھاياتىي كۈچكە تولغان تەرەققىيات ۋەزىيىتىدىن تەسىرلەندى، ھەممىسى ھەر مىللەت ئامما ئىتتىپاق، ئىناق، خاتىرجەم ياشاۋاتقان ئىللىق كۆرۈنۈشلەردىن ھاياجانلاندى، ھەممىسى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتى، جۇڭگو شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا ئىجابىي باھا بەردى. ھالبۇكى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، ھەممىلا يەردە قورال كۈچى كالتەكنى پولاڭلىتىپ يۈرگەن ئامېرىكىنىڭ ئۆزى كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىدا رەزىللىككە تولغان تۇرۇقلۇق، شىنجاڭ مەسىلىسىدە ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلدى، ھەق - ناھەقنى ئايرىمىدى، بۇ، ھەققەتەن ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك، ئۇچىغا چىققان بەتبەشىرىلىك. پولاتتەك پاكىت ئالدىدا، بارلىق يالغان - ياۋىداق سۆز ۋە سۈيىقەستنىڭ ھەممىسى بىر پەشۋاغىمۇ يارىمايدۇ، ئۆز - ئۆزىدىن بىتچىت بولىدۇ، تارىخنىڭ كۈلكە دەستىكىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

مۇشۇ پەيتتە، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى پۈتۈن يەر شارىدا يامراۋاتىدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭ ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ يامرىشىنى ئۈنۈملۈك توستى، جەمئىي ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى كېسەل مىسالى پەقەت 76 بولدى، نۆۋەتتە، ئۇدا 120 نەچچە كۈن يېڭىدىن كۆپەيگەن كېسەل مىسالى كۆرۈلمەي، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تەن ساغلاملىقى، ھاياتىي بىخەتەرلىكىگە ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىندى. ئەمەلىيەت شۇنى كۈچلۈك ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە بولدى. ئەكسىچە ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچىگە قاراپ باقساق، ھازىر ۋىرۇس 2 مىليون 260 مىڭ ئادەمنىڭ يۇقۇملىنىشىنى، 120 مىڭ ئادەمنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مۇشۇنداق كەسكىن ئەندىشىگە سالىدىغان ۋەزىيەتتىمۇ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يەنىلا زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ يۇقۇمنى توسماي، خەلقنى قوغداشنى ئويلىماي، ئەكسىچە پۈتۈن ئەس - يادى بىلەن باش قاتۇرۇپ گۇناھنى باشقىلارغا ئارتىپ، مەسئۇلىيەتتىن باش تارتتى. جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئوخشاشلا چوڭ دۆلەت، ئىككىسىنى سېلىشتۇرغاندا كىمنىڭ ياخشى، كىمنىڭ ناچارلىقىنى شۇ ھامان بىلگىلى بولىدۇ، كىمنىڭ توغرا، كىمنىڭ خاتالىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم.

مەيلى قانداق ئوڭۇشسىزلىق ۋە قىيىنچىلىققا ئۇچرىمايلى، ھامان تەۋرەنمەستىن زەبەردەس قەد كۆتۈرۈپ تۇرىمىز. ئامېرىكىدىكى بەزى سىياسەتۋازلار شىنجاڭنىڭ گۈللەنگەن، مۇقىم ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىنى كۆرۈشنى قانچە خالىمىغانسېرى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەر بىلەن بۇ ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيەتنى شۇنچە ياخشى قوغدايدۇ، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. بۇ يىل، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىللە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويىدۇ، بىز ھەربىرىمىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مىڭ يىللىق ئارزۇسىنىڭ ئىشقا ئاشقانلىقىنىڭ گۇۋاھچىسى، قاتناشقۇچىسى بولىمىز. لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتنىڭ كۆزنى توسۇۋېلىشىدىن قورقماي، ئويمان - دۆڭلەرنى تۈزلەپ داغدام يول ئاچىمىز، بىز قول تۇتۇشۇپ ئۇلۇغۋار نىشانغا قاراپ قەتئىي ئىلگىرىلەپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقايلى!

# قەتئىي تەۋرەنمەي شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدايلى

(بېشى 1 - بەتتە)

خەلقنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى ئەڭ چوڭ كىشىلىك ھوقۇق. جۇڭگو ھۆكۈمىتى قانۇن بويىچە تېررورىزمغا زەربە بېرىش بىلەن كىشىلىك ھوقۇقنى كاپالەتلەندۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسى» ۋە باشقا خەلقئارا قانۇن مىزانىغا ئەمەل قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەشەببۇسىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈردى، جۈملىدىن «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يەر شارىۋى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىستراتېگىيەسى» ۋە «زوراۋان ئەسەبىزمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەرىكەت پىلانى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئالاقىدار قانۇن سىستېمىسى بويىچە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھادىسىنىمۇ، ماھىيەتنىمۇ تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، زەربە بېرىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ يامراش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى تىرىشىپ يىلتىزىدىن تۈگەتتى. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن بويىچە شىنجاڭدا قوللانغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرى شىنجاڭنىڭ بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىنى تۈپتىن ياخشىلاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىغا كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلدى. خەلقئارا جەمئىيەت جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە ئومۇميۈزلۈك ئىجابىي باھا بەردى.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان 65 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارى 80 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى، تۈرلۈك ئىشلار ئومۇميۈزلۈك ئالغا باستى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆستى. بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگونىڭ نامراتلارنى ئازايتىش ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شىنجاڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردى، 2019 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ جەمئىي 737 مىڭ 600 ئائىلە، 2 مىليون 923 مىڭ 200 ئادەمنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى، نامراتلىق يۈز بېرىش نىسبىتى 2013 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 19.4% تىن 1.24% كە تۆۋەنلىدى. بۈگۈنكى شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرماقتا، ھەر مىللەت ئامما خاتىرجەم ياشاپ، تىنچ، ئىناق تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ئاتلانماقتا.

ئادىللىق كىشىلەر قەلبىدە. شىنجاڭنىڭ ياخشى ئىدارە قىلىنغان - قىلىنمىغانلىقىنى، پۇقرالار تۇرمۇشىنىڭ قانداق ئۆتۈۋاتقانلىقىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەڭ چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ، ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئۆتكەن ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، شىنجاڭدا بىر قېتىممۇ زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈز بەرمىدى، مىللەتلەر باراۋەر - ئىتتىپاق، دىنلار ئېجىل - رايىش، تۇرمۇش تىنچ - ئىناق بولدى. مۇقىملىقنىڭ پايدىسى سىجىل قويۇپ بېرىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ كۈرەش قىلىش ھالىتى بىلەن تېخىمۇ گۈزەل ئەتىنى كۈتۈۋالماقتا. ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيەت تەستە قولغا كەلگەن، بىز ئۇنى ھەسسىلەپ ئاسرايمىز، ھەسسىلەپ قەدىرلەيمىز، ھەرقانداق ئادەمنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايمىز. ئامېرىكا تەرەپنىڭ مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى»نى ئىمزالىشى شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىدەك ئوبيېكتىپ پاكىتقا پىسەنت قىلمىغانلىق، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىغا پىسەنت قىلمىغانلىق، بۇ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكىگە زىيان يەتكۈزۈش، جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى توسۇشتەك رەزىل نىيىتىنى يەنىمۇ ئاشكارىلىدى. بۇ نۇقتىنى جۇڭگو خەلقى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈپ يەتتى ھەم ئۇنىڭغا قەتئىي قوشۇلمايدۇ.

ھەممىگە ئايانكى، ئامېرىكا ئۇزاقتىن بۇيان قىلچە تەپتارتماستىن كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە قوش ئۆلچەم ئويناپ، كىشىلىك ھوقۇقنى ئۆزىنىڭ زومىگەرلىك ھوقۇقىنى قوغدايدىغان قورال قىلىۋالدى، ھالبۇكى ئۆزىنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، سىستېمىلاشقان، كەڭ كۆلەمدە كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلغان نۇرغۇن رەزىللىكلىرىنى بىلىسمۇ بىلمەسكە سالدى، پەرۋا قىلمىدى. بۈگۈنكى ئامېرىكىدا قوراللىق زوراۋانلىق، باي - نامراتلىققا بۆلۈنۈش، ئىرقىي كەمسىتىش قاتارلىق جاھىل كېسەللەرنى يوقىتىش تەسكە چۈشۈپ، ئېغىر جەمئىيەت مەسىلىلىرىنى پەيدا قىلماقتا. ئامېرىكىنى ئۆزىدە ساقلىنىۋاتقان ئېغىر دەرىجىدىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە ھەقىقىي تۈردە توغرا قاراپ، تەكشۈرۈپ كۆزىتىشكە ھەم تەدبىر قوللىنىپ ياخشىلاشقا، ھەرگىزمۇ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىشلىرىغا كەلسە - كەلمەس قول تىقماسلىققا، كەلسە - كەلمەس بىلجىرلىماسلىققا دەۋەت قىلىمىز.

«ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق — بەخت، بۆلگۈنچىلىك، مالىمانچىلىق — ئاپەت»، بۇ، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلق ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن قۇدرەتلىك ئورتاق تونۇش. جۇڭگو خەلقى ئالۋاستىدىن قورقمايدۇ، ياماندىن قورقمايدۇ. ھەر قانداق سىرتتىن كەلگەن بېسىم پەقەت پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىشى، تېخىمۇ قەتئىي تەۋرەنمەي تېررورىزمغا زەربە بېرىشى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇساپىسىنىڭ تارىخ چاقى ئالدىدا، ھەرقانداق كۈچنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشى مۇقەررەر ياچۇۋەكنىڭ ھارۋا توسقىنىغا ئوخشايدۇ، ئۆزىنى چاغلىمىغانلىق بولىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى)**